# ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئارزۇسىنى توردا نورمال تولدۇرغىلى بولىدۇ

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز لى چۈنشىيا، جاۋ چۈنخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ئاپتونوم رايونىمىز 2020 - يىللىق ئالىي مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش نومۇر چېكىنى ئېلان قىلدى، ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلار كەينى - كەينىدىن ئارزۇ تولدۇرۇشقا باشلىدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ئېزىز جېلىل مۇنداق بىلدۈردى: ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى بەرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارزۇ تولدۇرۇشى يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ، ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلار ياكى ئاتا - ئانىلار شىنجاڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تورىغا چېكىپلا، شىنجاڭ 2020 - يىللىق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى توردا ئارزۇ تولدۇرۇش سىستېمىسىنى ئىشلىتىپ، ئارزۇنى نورمال تولدۇرالايدۇ.

ئېزىز جېلىل مۇنداق تەۋسىيە قىلدى: ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلار ئامال بار كومپيۇتېردا ئارزۇ تولدۇرۇشى كېرەك، ئەگەر يان تېلېفون ئارقىلىق تولدۇرماقچى بولسا، «ساقلاش» كۇنۇپكىسىنى بېسىپ تولدۇرغان مەزمۇننى ساقلىۋالغاندىن كېيىن، چوقۇم ئالدى بىلەن «بىخەتەر چېكىنىپ چىقىش» كۇنۇپكىسىنى بېسىشى، ئاندىن ئارزۇ تولدۇرۇش سىستېمىسىدىن چېكىنىپ چىقىشى كېرەك، بۇنداق قىلمىسا خاتالىق ئەسكەرتمىسى چىقىۋالىدۇ، بۇ چاغدا يان تېلېفوننى ئۆچۈرۈپ 15 مىنۇتتىن كېيىن قايتا ئاچسا، ئاندىن سىستېمىغا كىرىپ يېڭىباشتىن مەشغۇلات قىلغىلى بولىدۇ، بولمىسا ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارزۇ تولدۇرۇشىنىڭ ۋاقىتچانلىقى ۋە توغرىلىقىغا تەسىر يېتىدۇ.

ئېزىز جېلىل كەڭ ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلارغا مۇنداق ئەسكەرتتى: مائارىپ مىنىستىرلىقى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا ئالاقىدار سىياسەت - بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ئۆزىنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان نەتىجىسى، بەدەن ئەھۋالى ھەمدە ئالىي مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش نىزامنامىسىدىكى ئالاقىدار تەلەپلەر بويىچە ئارزۇنى مۇۋاپىق تولدۇرۇشى كېرەك، ئارزۇ تولدۇرۇش جەريانىدا ئىجتىمائىي پەن، تەبىئىي پەن كەسىپ كودىنى پەرقلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىشى، ئېنىق بەلگىلەنگەن ئاخىرلىشىش ۋاقتى ئىچىدە ئارزۇ تولدۇرۇشنى تاماملىشى كېرەك.

ئىگىلىنىشچە، بۇ يىل ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدىغان ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پىلان ئۇچۇرىنى سۈرۈشتۈرۈشتە، «ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ۋە ئىمتىھان . ئالىي مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانى توپلىمى»دىن پايدىلانسىمۇ، شىنجاڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تورىغا چىقىپ تەكشۈرۈپ كۆرسىمۇ بولىدىكەن.



7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى تىيانشان رايونى شىنچۈەن كوچىسى جىنخې لۈسې جيايۈەن ئولتۇراق رايونىدىكى ئاھالە جاڭ خانىم ئۆيىدە بالىسى بىلەن يوگا ئوينىماقتا. □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى رۇي فوتوسى

### بېيجىڭ سىفەن داشۆسى «جېيۈەن پىلانى» بويىچە

## ئاپتونوم رايونىمىزدىن 30 مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ شياۋنىڭ** بېيجىڭ سىفەن داشۆسىدىن ئىگىلىشىچە، مائارىپ ئارقىلىق نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەشكە ياردەم بېرىپ، نامرات رايونلارنىڭ ئاساسىي مائارىپ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، بېيجىڭ سىفەن داشۆسى 2020 - يىلى تولۇق كۇرسقا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا «جېيۈەن پىلانى»نى تۇنجى قېتىم تەسىس قىلىپ، قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيەلەر بار شىنجاڭ، نىڭشيا قاتارلىق يەتتە ئۆلكىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدىكەن. پىلان بويىچە، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزدىن 30 مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدىكەن.

«جېيۈەن پىلانى» بويىچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدىغان كەسىپلەر خەنزۇ تىل - ئەدەبىياتى، ماتېماتىكا ۋە قوللىنىشچان ماتېماتىكا ھەم ئىنگلىز تىلى بولۇپ، «نىشانلىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، نىشانلىق يېتىشتۈرۈش، نىشانلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مائارىپ ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئۇزاق مۇددەت ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا ئىرادە باغلىغان، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىن ئەلالىرى تاللىنىدىكەن.

بېيجىڭ سىفەن داشۆسى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، «جېيۈەن پىلانى»دىكى ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار جەزمەن «بېيجىڭ سىفەن داشۆسى جېيۈەن پىلانى بويىچە نىشانلىق ئىشقا ئورۇنلىشىدىغان سىفەن ئوقۇغۇچىلىرى كېلىشىمنامىسى»دا پۈتۈلگەن مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىپ، قوش يۆنىلىشلىك تاللاش ئارقىلىق، ئۆلكە دەرىجىلىك مائارىپ مەمۇرىي مەسئۇل تارماقنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئۆزى كەلگەن ئۆلكىدىكى مائارىپ بايلىقى نىسبەتەن كەمچىل ناھىيەلەردىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشى، ۋاقتى ئالتە يىلدىن كەم بولماسلىقى كېرەك ئىكەن. كېلىشىمدىكى مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلغانلارغا بېيجىڭ سىفەن داشۆسى تۆت يىللىق تولۇق كۇرس مەزگىلىدىكى ئوقۇش پۇلى ۋە ياتاق پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرىدىكەن، ھەم ئۇلارنى مەكتەپنىڭ «تۆتكە ئىگە» ياخشى ئوقۇتقۇچىلار ئاتالمىش پىلانى بويىچە مۇكاپاتلاش دائىرىسىگە كىرگۈزىدىكەن، 2020 - يىلىدىكى مۇكاپاتلاش سىياسىتىنىڭ سوممىسى 100 مىڭ يۈەن ئىكەن. مۇلازىمەت مۇددىتى بىر مەۋسۇمگە توشقان ھەمدە شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغانلار خىزمەت ئىشلىۋېتىپ بېيجىڭ سىفەن داشۆسىدە مائارىپ ماگىستىرلىق كەسپىي ئۇنۋانى ئېلىش ئۈچۈن ئىمتىھانسىز ئوقۇشقا ئىلتىماس قىلسا بولىدىكەن.

مۇلازىمەت مۇددىتى ئىچىدە، بېيجىڭ سىفەن داشۆسى ئۇيۇشتۇرغان ئاساسىي مائارىپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى خىزمەت داۋامىدا تەربىيەلەش تۈرىگە قاتنىششقا، بېيجىڭ سىفەن داشۆسىنىڭ سەرخىل دەرسلىكلىرى، تور مائارىپ بايلىقى قاتارلىق ئەلا سۈپەتلىك مائارىپ، ئوقۇتۇش بايلىقىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشقا، پەن مائارىپ مۇتەخەسسىسلىرى كوللېكتىپىنىڭ كەسپىي يېتەكچىلىكىگە ئېرىشىشكە، بېيجىڭ سىفەن داشۆسىنىڭ ئاساسىي مائارىپ بىرىنچى سېپىگە يۈزلەنگەن مائارىپ ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى تەتقىقاتى ۋە ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى ئەمەلىيىتى قاتارلىق خىزمەتكە قاتناشقانلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە تەربىيەلەش پائالىيەتلىرىگە قاتنىششقا ئىلتىماس قىلسا بولىدىكەن.

ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە ئاتا - ئانىلار ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا ئالاقىدار ئىشلارنى ئىگىلىمەكچى بولسا، بېيجىڭ سىفەن داشۆسىنىڭ تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تورىغا چىقىپ ياكى «جېيۈەن پىلانى» مەخسۇس لىنىيەسى 010 - 58809414كە تېلېفون قىلىپ مەسلىھەت سورىسا بولىدۇ.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

## ياڭ شۇپىڭ: بۇرچ يولىدا ھاياتىنى بېغىشلىغان تىنچلىقنى ساقلاش قەھرىمانى



ياڭ شۇپىڭنىڭ سۈرىتى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى بېيجىڭ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر مېي شىشيۇڭ)** يېقىندا، 83 - جىتۇەنجۈننىڭ مەلۇم بىرلەشمە لۈيى 1 - يىڭ 3 - لىيەندىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر يەنە بىر قېتىم پېشقەدەم لىيەنجاڭ ياڭ گېنسىنىڭ ھەيكىلى ئالدىغا كېلىپ، گۈل سېۋىتى سوۋغا قىلىپ، تەزىيە بىلدۈردى، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنۇتماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلىدى.

«بىز پېشقەدەم لىيەنجاڭنى ياد ئېتىمىز، پېشقەدەم لىيەنجاڭغا ئوخشاش ياخشى ئەسكەر ياڭ شۇپىڭنىمۇ ياد ئېتىمىز، ئۇ ھاياتى بەدىلىگە پېشقەدەم لىيەنجاڭنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلدى» دېدى لىيەنجاڭ لى جاۋلۇڭ.

1983 - يىلى، ياڭ شۇپىڭ شەندۇڭ لەيۋۇدىكى بىر ھەربىيلەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، بىر ئائىلىدىكى ئۈچ ئەۋلادتىن سەككىزەيلەن ھەربىي بولغان. 2001 - يىلى، ئۇ ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ، «ياڭ گېنسى لىيەنى»دىن ئىبارەت بۇ قەھرىمان لىيەندۈيگە كەلگەن. ئۇنىڭ ھەربىي سەپكە قاتناشقاندىن كېيىن كۆرگەن تۇنجى كىنوسى «ياڭ گېنسى»، ئوقۇغان تۇنجى كىتابى «ئالاھىدە قەھرىمان ياڭ گېنسى»، ئېكسكۇرسىيە قىلغان تۇنجى ئورنى لىيەندۈي شەرەپ ئۆيى بولغان، پېشقەدەم لىيەنجاڭ ياڭ گېنسىنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى ئۇنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان.

«ئەسكەر بولغان ئىكەنمەن، پېشقەدەم لىيەنجاڭ ياڭ گېنسىغا ئوخشاش ياخشى ئەسكەر بولۇشۇم، ھەر ۋاقىت بارلىقىمنى بېغىشلاشقا تەييار تۇرۇشۇم كېرەك» دېگەندى ياڭ شۇپىڭ ھايات ۋاقتىدا.

2003 - يىلى، خېنەن لەنكاۋ ناھىيەسىدە كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەرگەن، ياڭ شۇپىڭ تۇرۇشلۇق قىسىم بۇيرۇققا بىنائەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا بارغان. ياڭ شۇپىڭ بىلەن سەپداشلىرى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش بىرىنچى سېپىدە نەچچە كۈن جەڭ قىلىپ، خەتەرلىك ئەھۋاللارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈگىتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى قوغدىغان.

2008 - يىلى، ۋېنچۈەندە يەر تەۋرىگەندە، ياڭ شۇپىڭ قىسىم بىلەن بىللە يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنىڭ بىرىنچى سېپىگە ئاتلانغان...

ئارمىيەگە قاتناشقان ئون نەچچە يىلدا، ياڭ شۇپىڭ باشلامچىلىق بىلەن غەلىبە قىلىش ماھارىتىنى مەشىق قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن لۈي بويىچە داڭلىق ئالاھىدە مەرگەنگە ئايلانغان؛ باشلامچىلىق بىلەن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ۋەزىپىنى ئورۇنداشتا چىڭ تۇرغان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مۇھىم، زور مانېۋىر، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ خەتەردىن قۇتقۇزۇش، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، مۇقىملىقنى ساقلاپ تاسادىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق كۆپ خىللاشقان ھەربىي ۋەزىپىلەرگە 40 نەچچە قېتىم قاتناشقان.

2015 - يىلى 9 - ئايدا، لۈي بۇيرۇققا بىنائەن جۇڭگونىڭ جەنۇبىي سۇدانغا بارىدىغان تىنچلىق ساقلاش پىيادە ئەسكەرلەر يىڭىنى تەشكىللىگەن. ئائىلىسىنىڭ يالغۇز پەرزەنتى، 4 - دەرىجىلىك جۇنشىجاڭ ياڭ شۇپىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە بىلدۈرمەي ئىلتىماس سۇنغان.

جەنۇبىي سۇداندىكى ھەربىر كۈندە، ياڭ شۇپىڭ ۋە سەپداشلىرى ھەر ۋاقىت ئۆلۈم تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇرغان. گەرچە ئىنچىكە ئېھتىيات قىلغان بولسىمۇ، كۈتۈلمىگەن ئەھۋال يەنىلا يۈز بەرگەن.

شۇ جاي ۋاقتى 2016 - يىلى 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، جەنۇبىي سۇداندا كەسكىن ئېتىشىش يۈز بەرگەن، جۇڭگو تىنچلىق ساقلاش پىيادە ئەسكەرلەر يىڭى دەرھال بىرىنچى دەرىجىلىك ئۇرۇش تەييارلىقىغا كىرگەن. ياڭ شۇپىڭ پىيادە ئەسكەرلەر جەڭ ئاپتوموبىلىنىڭ زەمبىرەكچىسى بولۇپ قاراۋۇللۇق ئورنىغا بېرىپ ۋەزىپە ئىجرا قىلىپ، جەڭ ئورنىدا 15 سائەت ئىنچىل چىڭ تۇرغان.

7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، جەنۇبىي سۇداندا يەنە بىر قېتىم كەسكىن ئېتىشىش يۈز بەرگەن، ئېتىشىش قاراۋۇلخانىنىڭ بىرىنچى سېپىگە قىستاپ كەلگەن. ياڭ شۇپىڭ ئوق زىچ ئېتىلىۋاتقان، ئەتراپتا بومبا پارتلاۋاتقان ھايات - ماماتلىق سەپتە ئۇدا 11 سائەت جاسارەت بىلەن جەڭ قىلغان. تۇيۇقسىز، ياڭ شۇپىڭ ئولتۇرغان 105 - نومۇرلۇق جەڭ ئاپتوموبىلى بىر پاي راكېتا بومبىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان، ئۇ شۇ چاغدا زەمبىرەك مۇنارىدا كۆزىتىش، قارىغا ئېتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، بەدىنى ئېغىر يارىلانغان.

ياڭ شۇپىڭ 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ تولۇقلاپ ئەنگە ئېلىندى. بۈگۈنكى كۈندە، ياڭ شۇپىڭ خۇددى ئۇنىڭ پېشقەدەم لىيەنجاڭغا ئوخشاش، «ياڭ گېنسى لىيەنى»دىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ مەنىۋى بايرىقى بولۇپ قالدى.

## سەي سۇڭسۇڭ: ھاياتى بەدىلىگە ھاياتلىقنى قۇتقۇزدى



سەي سۇڭسۇڭنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى سۈرىتىنىڭ قايتا تارتىلغان سۈرىتى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى چېڭدۇ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىرلار ۋۇ گۇاڭيۈ، كاڭ جىنچيەن)** 2017 - يىلى چاغاننىڭ ئالدىدا، سىچۈەن لۇشيەن ناھىيەسىدىكى خەلق ساقچىسى سەي سۇڭسۇڭ سۇ ئامبىرىدىكى سۆڭەكتىن ئۆتكۈدەك سوغۇق سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ، ئۆزىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئېھتىياتسىزلىقتىن سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئىككى بالىنى قۇتقۇزدى، ئەمما ئۆزى قايتىپ چىقالمىدى، ھاياتى 31 يېشىدا توختاپ قالدى.

سەي سۇڭسۇڭ، ھايات ۋاقتىدا سىچۈەن ئۆلكىسى لۇشيەن ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى شىچياۋ ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى ئىدى، خۇبېي سۇڭزى شەھىرىدىن. 2017 - يىلى 1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى چۈشتە، چاغاننىڭ كېلىشىگە ئىككى كۈنلا قالغاندى، لۇشيەن ناھىيەسىدىكى سەككىز ياشلىق ئىككى ئوغۇل بالا شۇئەنتەن بەختى سۇ ئامبىرىنىڭ تىك قىرغاقلىق توسمىسىغا بېرىپ ئويناپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن سۇغا چۈشۈپ كەتكەن. قېيىنئاتىسىنىڭ ئۆيىدە چاغانلىق تاماق يېيىشكە تەمشىلىۋاتقان سەي سۇڭسۇڭ قۇتقۇزۇڭلار دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ، تەبئىيلا ھويلا دەرۋازىسىدىن ئېتىلىپ چىقىپ توسمىغا قاراپ يۈگۈرگەن.

خەتەرلىك ئەھۋالدا، سەي سۇڭسۇڭ چاپىنىنى سېلىپلا قىلچە ئىككىلەنمەي سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ قۇتقۇزۇشقا كىرىشكەن، ئۇ ئىككى قولى بىلەن چۆكۈپ كېتىۋاتقان ئىككى بالىنى كۆچەپ تىرەپ كۆتۈرۈپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇلارنى توسما بويىغا ئاز - ئازدىن ئىتتىرىپ بارغان، بۇ چاغدا قۇتقۇزغۇچى ئاما كۆپەيگەن، بىرەيلەن بامبۇك خادىسى تېپىپ كېلىپ ئىككى بالىغا سۇنغان، ئىككى بالىنىڭ بامبۇك خادىسىنى تۇتقانلىقى، كىشىلەرنىڭ ئۇلارنى قىرغاققا تارتىپ چىقالىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى سەرپ قىلىپ تۈگەتكەن سەي سۇڭسۇڭ زادىلا بەرداشلىق بېرەلمىگەن، ئۇنىڭ ھالسىزلىنىپ كەتكەن بەدىنى سۆڭەكتىن ئۆتكۈدەك مۇزدەك سۇغا چۆكۈپ كەتكەن.

لۇشيەن ناھىيەسى شۇئەنتەن بازىرى تۇڭشەن كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى، نەق مەيداندا كۆرگۈچى ۋاڭ كەيگۈي مۇنداق دېدى: سەي سۇڭسۇڭ ئىككى بالىنى سۇ يۈزىگە ئىتتىرىپ چىقارغاندا، ئۇ سۇغا بۇرنىغىچە چۆككەن بولۇپ، پەقەت ئۇنىڭ ئىككى كۆزى بىلەن بېشىنىلا كۆرگىلى بولاتتى. كۆپچىلىك پۈتۈن كۈچ بىلەن سەي سۇڭسۇڭنى سۈزۈپ قىرغاققا ئېلىپ چىقتى، لېكىن بۇ چاغدا ئۇ ئاللىقاچان كىشىلەرنىڭ چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

خىزمەتداشلىرىنىڭ نەزەرىدە، سەي سۇڭسۇڭنىڭ ھايات - ماماتلىق پەيتتىكى تاللىشى تاسادىپىيلىق ئەمەس، ئۇ قىسقىغىنا ھاياتىدا، ئىلگىرى كۆپ قېتىم كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ باشقىلارنى قۇتقۇزغان.

1996 - يىلى، سەي سۇڭسۇڭ سۇغا چۈشۈپ كەتكەن بىر كەنتلىك كىچىك ھەمراھىنى باتۇرلۇق بىلەن قۇتقۇزغان، 2003 - يىلى ئۇ يەنە چاڭجياڭ دەرياسىدا سۇغا چۈشۈپ كەتكەن بىر ئۆسمۈرنى قۇتقۇزۇپ چىققان.

2006 - يىلى، نەرسىلىرىنى ئوغرى ئالغان دېھقان ئىشلەمچىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئۇ پىچاق تۇتقان جىنايەت گۇماندارىنى قۇرۇق قول بويسۇندۇرغان، يەنە ئۆزى پۇل چىقىرىپ دېھقان ئىشلەمچىگە ئۆيگە قايتىدىغان پويىز بېلىتى ئېلىپ بەرگەن.

2009 - يىلى، ئابا ئوبلاستى خۇڭيۈەن ناھىيەسىدىكى بىر قېتىملىق ئوتلاق ئوت ئاپىتىدە، ئۇ سەپداشلىرىنى باشلاپ بىرىنچى بولۇپ ئوت مەيدانىغا ئېتىلىپ كىرىپ، زور ئوت ئاپىتىنىڭ يامراپ كېتىشىنى ۋاقتىدا توسۇپ قېلىپ، نەچچە يۈز قوتاز، نەچچە يۈز گېكتار ئوتلاق ۋە چارۋىچىلارنىڭ تۇرالغۇسىنى ساقلاپ قالغان.

سەي سۇڭسۇڭ قۇربان بولغاندىن كېيىن، ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىقى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى يولداش سەي سۇڭسۇڭغا «مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» دېگەن شەرەپلىك نامنى تولۇقلاپ بېرىشنى قارار قىلدى.

ئۇنىڭ ئايرىلىشى بەك تۇيۇقسىز بولدى، ئۇ ھايات ۋاقتىدا خىزمەت قىلغان ساقچىخانىدا، خىزمەتداشلىرى ئۇنىڭ ئالدىراش يۈرگەن سىماسىنى، چارچاش سەۋەبىدىن بوغۇق چىقىدىغان ئاۋازىنى ھېلىمۇ ئەسلەيدۇ. سەي سۇڭسۇڭنىڭ ئاتا - ئانىسى ئاددىي - ساددا دېھقان ئىدى، يالغۇز ئوغلىنىڭ قۇربان بولغانلىقى تىلغا ئېلىنغاندا، دادىسى سەي باڭكەي كۆز يېشىنى زورىغا بېسىپ تۇرۇپ: «بىز ئوغلىمىزنى دۆلەت ئۈچۈن تۆھپە قوشسۇن دەپ بېقىپ چوڭ قىلدۇق، ئۇنىڭ باتۇرلۇق بىلەن ئۆزىنى بېغىشلىغانلىقى دۆلەتكە جاۋاب قايتۇرغانلىق» دېدى.

ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيتىدە، سەي سۇڭسۇڭ «ھايات - ماماتلىق بىر قېتىملىق كۆتۈرۈش» بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆزىنى بېغىشلاشنى خالايدىغان، قۇربان بولۇشتىن قورقمايدىغان ئېسىل پەزىلىتىنى شەرھلىدى. بىر ساقچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ پۈتكۈل ھاياتى ئارقىلىق جاراڭلىق قەسىمىنى ۋە خەلق ساقچىلىرى ئىشلىرىغا بولغان چەكسىز ساداقىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)